# غەمخورلۇق ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىش جەريانىدا ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«دەسلەپتە خېلىلا جىددىيلەشتىم، لېكىن جىددىيلىكىم تېزلا پەسەيدى.» ياڭ يۇفاڭنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، شۇ كۈنى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆيۈنگەن ھالدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالىنى، نۆۋەتتە قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سۈرۈشتۈرگەنىدى... «خۇددى كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان كونا دوستلاردەك پاراڭلاشتۇق، سىرداشتۇق».

«ساغلام كىشىلەر ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزسە بولىدۇ، مېيىپلەرمۇ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزسە بولىدۇ». گاۋ جىخۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى ئۇلارغا زور ئىلھام بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ياشانغانلار ساناتورىيەسىدىكى ياشانغانلارغا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىپ، ئاكتىپ كۈچ تارقاتقان؛ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ياساپ خەير ـ ساخاۋەتكە ئاتاپ سېتىپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلغان...

«قول سېلىپ ئىش قىلالايدىغان، بىرنەرسە يازالايدىغان، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلالايدىغان ئىكەنمەن، كۆپچىلىككە گۈزەللىك ئاتا قىلىشىم كېرەك» دېدى گاۋ جىخۇڭ.

ياڭ يۇفاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ بىرقانچە يىلدا ئۇنىڭ پېنسىيە مائاشى ھەر يىلى ئۆسكەن، دۆلەت يەنە مېيىپلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان باج ئېتىبار سىياسىتىنى چىقارغان. ئۇ ھازىر باشقىلارغا ئاچقۇچ ياساپ بېرىدىكەن، بۇنىڭغا ئىككىسىنىڭ پېنسىيە پۇلىنى قوشقاندا، ھەر ئايدا 7000 ـ 6000 يۈەن كىرىم بولىدىكەن، تۇرمۇشقا كېتىدىغان خىراجىتى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئىمكانىيىتى يار بەرسە، ئۇلار بىر قىسىم پۇلنى ياردەمگە تېخىمۇ موھتاج كىشىلەرگە ئىئانە قىلىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

«داۋالاش خادىمى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يارىدارلارنى، مېيىپلەرنى تۇغقان بىلىپ، يارىدارلارنى، مېيىپلەرنى ئەتىۋارلاپ، ئىنچىكە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز.» تاڭشەن شەھەرلىك كەسمە پالەچلەر ساناتورىيەسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىنشېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بىر تەرەپتىن خۇددى قۇرۇلۇۋاتقان تاڭشەن شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىگە ئوخشاش ياخشى بولغان قاتتىق دېتال يارىتىلىۋېتىپتۇ، كەلگۈسىدە ساناتورىيەدىكى ياشانغانلارنىڭ كۆچۈپ كىرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك كارىۋات سەپلىنىدىكەن؛ بىر تەرەپتىن داۋالاش خادىملىرى ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، كەسپىي كۈتۈش سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلىدىكەن.

«ماددىي جەھەتتە يېتەرلىك كاپالەتلەندۈرۈلگەندىن سىرت، يەنە روھىي جەھەتتىمۇ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك.» ياڭ جىنشېڭ مۇنداق دېدى: ساناتورىيە كۇتۇپخانا، پسىخىك مەسلىھەت ئۆيى، قۇياش نۇرى پائالىيەت ئۆيى تەسىس قىلدى، داۋالاش خادىملىرى ساناتورىيەدە تۇرۇۋاتقانلار بىلەن قەرەللىك سىرداشىدۇ، بەزى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ دائىم ساناتورىيەگە كېلىپ پىدائىيلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. نۇرغۇن ياشانغان كىشى: تاشقى دۇنيانى چۈشىنىدىغان كۆزنەك تېخىمۇ چوڭ ئېچىلدى، دېدى.

«كەڭ زېمىن يەنە بىر مېنى قايتا ياراتقان ئىكەن، مەن بۇ دۇنيادا يېپيېڭى قىياپەت بىلەن قايتا قەد كۆتۈرۈشۈم كېرەك»، بۇ جۈملە ساناتورىيەدىكى نۇرغۇن مېيىپنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىگە ئايلاندى.

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

بىر ساغلام ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەدەننىڭ تۆۋەن قىسمىدا سېزىم بولماسلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى تۇتالمايدىغان ھالەتتە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. كەسمە پالەچ ئاغرىقلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، «瘫» خېتى «病» خېتىنىڭ يان بۆلىكىگە «难» خېتىنى قوشۇپ يېزىشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مېيىپلىكنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان ئازابىنى ياندىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىكەن.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مېيىپلەر ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. دۆلەت قاتلىمىدا نەچچە مىليون مېيىپ ئاھالىنى قاپلىغان، تۇرمۇش ياردەم پۇلى، پەرۋىش ياردەم پۇلى، بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياردەم پۇلى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مېيىپلەر مەخسۇس پاراۋانلىق تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، مېيىپلەر ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيەسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، مېيىپلەرنىڭ بىرىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ. بەختلىك جۇڭگودا، مېيىپلەرمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىپ، جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلالايدۇ.

**[ئىككىنچى ھېكايە]**

### ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئاتلىنىش

«باش شۇجى سەممىي، يېقىشلىق كىشى.» ئارىدىن ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشلەر سۇڭ لۇڭجياڭنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە.

2013 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ لياۋنىڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، شېنياڭ شەھىرىنىڭ شېنخې رايونى دانەن كوچىسى دوڭفۇ مەھەللىسىگە كېلىپ، ئىش ئورنىدىن قېلىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان خىزمەتچى سۇڭ لۇڭجياڭنىڭ ئۆيىگە كىردى.

مەھەللىنىڭ مۇلازىمىتى ياخشىمۇ، ئىللىق ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قىشتا تېمپېراتۇرا قانچە گرادۇس ئۆرلىدى، ئائىلىڭىزدە يەنە قانداق قىيىنچىلىقلار بار... باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆيۈنگەن ھالدا سورىدى.

ئۇ چاغدا سۇڭ لۇڭجياڭنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى: ئۇ بىر ئاپتوموبىل ئەشيا ئوبوروتى كارخانىسىغا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقانىدى، ئەمما ھەر ئايلىق كىرىمى 2000 يۈەندىن كۆپرەكلا ئىدى؛ خوتۇنى ئىش ئورنىدىن قېلىپ ئۆيدە كېسەلچان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى؛ ئوغلى ئەمدىلا بىر ئاپتوموبىل بېزەكچىلىك دۇكىنى ئاچقانىدى، نەۋرە قىزى تېخى بىر ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى...

بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، مۇخبىر سۇڭ لۇڭجياڭنىڭ ئۆيىگە باردى، 73 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي پاكىز، رەتلىك يىغىشتۇرۇلغانىدى. سۇڭ لۇڭجياڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىللاردا تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، ئۆيىمىزنى ئاددىي بېزەۋالدۇق، يېڭىدىن سافا ئالماشتۇردۇق، كىتاب ئىشكاپى ئالدۇق.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، مەھەللە سۇڭ لۇڭجياڭنىڭ ئوغلىغا ياردەملىشىپ 80 مىڭ يۈەن ئاز سوممىلىق ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە يار ـ يۆلەك بولدى. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، سۇڭ لۇڭجياڭ ئوغلىنىڭ سودىسىمۇ ياخشىلاندى.

2017 ـ يىلى، سۇڭ لۇڭجياڭ پېنسىيەگە چىقتى، ھەر ئايدا پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئېلىپلا قالماستىن، يەنە سوممىسىمۇ ھەر يىلى ئۆرلىدى.

سۇڭ لۇڭجياڭ تۇرۇشلۇق دوڭفۇ مەھەللىسىنىڭ چوڭ قورۇسىدا يېڭىدىن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. مەھەللە پارتكومىنىڭ شۇجىسى مېڭ شياۋدەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈمەت 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى، ئالدىنقى قېتىمدىكى تۇرۇبا سۈيى، كۆمۈر گازى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا، مەھەللىنىڭ مەنزىرىسى، ئەۋرەز يولى، يورۇتۇش قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، مەھەللىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ياخشىلايمىز.

«شۇنچە يىللاردىن بۇيان، بىز پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر باش شۇجىنىڭ ‹كۈنلىرىڭلارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈڭلار› دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، بۇ ئارزۇ ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدۇق» دېدى سۇڭ لۇڭجياڭ.

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

سۇڭ لۇڭجياڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىش ئورنىدىن قېلىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان نۇرغۇن ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ بەختكە يۈرۈش قىلىش قەدىمىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، ئوشۇقچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پەسەيتىش ۋە شاللاشقا تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەھمىيىتى مۇھىم، زور.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۈرسىتىنى پائال ياراتتى: ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بازار ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ياردەم قىلىپ ھەل قىلدى؛ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مۇلازىمەت ساھەسىدە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدى؛ بازار سۇبيېكتلىرى، بولۇپمۇ كىچىك، ئوتتۇرا كارخانىلار ئۈچۈن باجنى كېمەيتىپ، ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈكىنى يېنىكلىتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۈرسىتى ياراتتى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئەلرايى قۇرۇلۇشى. مەركەز غەمخورلۇق قىلماقتا، يەرلىك ھەرىكەتلەنمەكتە، بارغانسېرى كۆپ سۇڭ لۇڭجياڭلار يېڭى ئىش ئورنىدا ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش ياراتقۇسى.

**[ئۈچىنچى ھېكايە]**

### ئۆزگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ چېھرىدە ئەكس ئەتتى

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆيۈمگە كەلگەن چاغدا، ئۆينىڭ يېرىمىنى توپا كاڭ ئىگىلىگەن، قالغان يېرىمىغا ئىككى ئىشكاپ ۋە بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۆرۈلگىلىمۇ بولمايتتى».

يازنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، خېبېي ئۆلكىسى فۇپىڭ ناھىيەسىنىڭ لوتوۋەن كەنتىدە كەنت ئاھالىسى تاڭ زۇڭشيۇ ئىشارەت قىلغىنىچە مۇخبىرغا ئەسلەپ بەردى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇپىڭ ناھىيەسىگە كېلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئاپئاق قارنى كېچىپ، تاڭ زۇڭشيۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. «باش شۇجى مەندىن قانچە مو يەر تېرىيدىغانلىقىمنى، ئاشلىقنىڭ يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىنى، ئىسسىنىدىغان كۆمۈرنىڭ يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىنى سورىدى...»

«شۇ كۈنى ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى، ئەمما قەلبىم ئىللىقلىققا تولدى» دېدى تاڭ زۇڭشيۇ ئەينى چاغدىكى كەيپىياتىنى ئەسلەپ.

تاڭ زۇڭشيۇ مۇنداق دېدى: ئەينى چاغدا ئۆينىڭ سىرتىدىكى چىغىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ماڭغاندا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بىلىنەتتى. «ھازىر ھەممە يول ئاسفالتلىنىپ بولدى، كەنتتىكىلەر ساياھەتچىلەرنىڭ كېلىپ ھېس قىلىشى ئۈچۈن شېغىللىق چىغىر يولدىن بىرقانچىنى قالدۇرۇپ قويمىغىنىغا پۇشايماي قىلىدۇ» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۈگۈنكى كۈندە، تاڭ زۇڭشيۇ ئائىلىسىنىڭ كونا ئۆيى بىرنەچچە ئېغىزلىق يېشىل خىشلىق چوڭ كاھىشلىق ئۆيگە ئۆزگەرتىلدى، گۈللۈك رەختلىك ئىشىك پەردىسى ھويلىنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

دۆەنچياۋ ئاليۇمىن ئىشىك ـ دېرىزە، ئاستىدىن ئىسسىيدىغان پار بار ئىدى، ئاشخانىغا ئىشكاپ ۋە بوستارتقۇ ئورنىتىلغان، ھاجەتخانىدا سۇ چۈشۈرۈلىدىغان تەرەت قاچىسى ۋە سۇ ئىسسىتقۇچ بار ئىدى... مۇخبىرنى ئەگەشتۈرۈپ يېڭى ئۆيىنى بىر قۇر زىيارەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، تاڭ زۇڭشيۇ رازىمەنلىكىنى يوشۇرالمىغان ھالدا: «بىز دېھقانلارمۇ شەھەرلىكلەردەك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولدۇق»، دېدى.

كەڭ ـ كۇشادە ئۆيدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تاڭ زۇڭشيۇمۇ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىغا يەتتى — ئىلگىرىكى يىللىرى چاغاندا ئۆي كىچىك بولغانلىقتىن، تۆت بالىسى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ بىللە ھېيتلاپ كېلەلمىگەچكە، ئانچە قىزىپ كەتمەيتتى. تاڭ زۇڭشيۇ مۇنداق دېدى: ھازىر ئوخشىمايدۇ، بۇ يىل چاغاندا بالىلىرىم پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كەلدى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قانچىلىك قىزىپ كەتكەنلىكىمىزنى دېمەيلا قويۇڭ.

«لوتوۋەن كەنتىنىڭ ئۆزگىرىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.» ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنغاندا، خېبېي ئۆلكىلىك ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ لوتوۋەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق كەنت كادىرى خۇاڭ ۋېنجۇڭنىڭ چوڭقۇر تەسىراتى بار. ئۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كەنتتە بۇلتۇر كۈزدە كەنت كوللېكتىپ كارخانىسى بار بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە پايدا تەقسىم قىلىندى.

2017 ـ يىلى، تاڭ زۇڭشيۇنىڭ ئائىلىسى تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلە قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ يىل پۇتىنىڭ كونا ئاغرىقى خېلى ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇ ئېرى بىلەن بىللە كەنت كوللېكتىپ كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلەشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ، بۇنداق بولغاندا بىر ئايدا نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن.

ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئۈستىدە توختالغاندا، تاڭ زۇڭشيۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كۈنلىرىمىز ياخشىلاندى، باش شۇجىنىڭ يەنە كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

چوڭقۇر تاغلىق رايون، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەر، ياشانغانلار، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن قانداق بىر رەسىم ھاسىل بولىدۇ؟

مۇخبىر بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىۋەتلىك تاڭ زۇڭشيۇنى كۆرگەندە، ئىشەنچ ئۇنىڭ چېھرىدە ئەكس ئېتەتتى. ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تاڭ زۇڭشيۇنى تۇرمۇشتىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىدىكى «ئىشەنچ بولسىلا، سېرىق توپىمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ» قاتارلىق شوئارلار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

تۈرلۈك ئامىللار بىلەن غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئاممىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى: 2013 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، مەركەز مالىيەسىدىن شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 840 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.2%، 14.7% ئاشتى؛ مەركىزىي كومىتېت بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، نامرات ئاھالە، تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتى قاتارلىق كىشىلەر توپىغا بولغان غەمخورلۇق ۋە مۇلازىمەتنى كۈچەيتتى...

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ياردەم بېرىشى، يۆلىشى، قوللىشىدا، قىيىنچىلىقى بار ئامما ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش نىشانىغا قاراپ تىرىشىپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

**(مۇخبىرلار ۋاڭ چى، جاۋ خۇڭيۇ، شى چېڭۋېي، يۈ يېتۇڭ، ۋۇ خۇيېڭ، ياۋ بىڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شىنجاڭدىن سىرتقا يەتكۈزۈلگەن يېڭى ئېنېرگىيە جەمئىي 60 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2014 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، قومۇلنىڭ جەنۇبى — جېڭجوۋ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى كەڭ كۆلەمدە سىرتقا يەتكۈزۈش دەۋرى باشلاندى.

ئۇدا نەچچە يىل، «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش» ئومۇمىي كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىپ، يېڭى ئېنېرگىيەنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى بولدى. بولۇپمۇ بۇلتۇر يېڭى ئېنېرگىيە نەق مال سودىسى، غەربىي شىمال شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش توك مىقدارى ئامبىرى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەقسىملەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ شامال ئېلېكتىر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 19 مىليون 251 مىڭ كىلوۋات، فوتو ۋولت توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 10 مىليون 216 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.

# شىنجاڭدا دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ساياھەت سىجىل قىزىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل دولان قەبىلە مەنزىرە رايونى 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ تۇغراق مەدەنىيەت سارىيى، ئۈسۈملۈكلەر باغچىسىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، دولان سارىيى، شىنجاڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەركىزى قاتارلىقلارنى قۇردى.

دەم ئېلىش مەزگىلىدە، توقسۇ شامو خۇاخەي مەنزىرە رايونىدىكى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 1500 ئاپتوموبىل سىغدىغان ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ئاپتوموبىل بىلەن لىق تولدى. توقسۇ شامو خۇاخەي ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جۇ لىننىڭ قارىشىچە، ساياھەتچىلەرنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىدە، بۇ يىل مەنزىرە رايونىدا نۇرغۇن مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە ساياھەت تۈرلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن سىرت، مول مەزمۇنلۇق ساياھەت بايرىمى پائالىيەتلىرىمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان.

دەم ئېلىش بۇرچىن ناھىيەسى ئۆتكۈزگەن 4 ـ نۆۋەتلىك «چۆچەكلەردىكىدەك چېگرا شەھىرى. بۇرچىن تەمى» مەززىلىك تائاملار بايرىمىغا توغرا كەلدى، دەريا قېشى كەچلىك بازىرى، جۇڭگو ـ رۇسىيە كونا پىرىستان ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى، تۆت پەسىل كەچلىك بازىرى ھەم خۇيشىن گوجى قاتارلىق مەززىلىك تائاملار كوچىسىغا ساياھەتچىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى. «8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ناھىيەمىز كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 74 مىڭ 418 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.12% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەتچىلىك ئۇنىۋېرسال كىرىمى 79 مىليون 211 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.08% ئاشتى» دېدى بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يې سۇچېن.

قاناس مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خېيلۇڭجياڭلىق ساياھەتچى جاڭ فۇچۈن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ئادەملىرى تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن، شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم» دېدى. تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى، بۇيلۇق مەنزىرە رايونى، قاناس مەنزىرە رايونى... جاڭ فۇچۈن بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى، ھەركۈنى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىگە سۈرەت يوللاپ، نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىش ئىستىكىنى قوزغىدى.

«سايرام كۆلى بەك گۈزەلكەن، خۇددى بۇ دۇنيادىكى سېھىرلىك ماكانغا ئوخشايدىكەن.» 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شاڭخەيلىك ساياھەتچى شى رۇڭ چىن كۆڭلىدىن ماختاپلا كەتتى. ئۇ ئىككى دوستى بىلەن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭغا ئائىلە ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ ساياھەت قىلىشقا كەلگەن ئىكەن. كۆكتوقايدىن قاناسقىچە، يەنە سايرام كۆلىگىچە بولغان يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى ئۇچەيلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، شى رۇڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى بۇرچىننىڭ كەچلىك بازىرى بولۇپ، «كەچ سائەت 10، 11 لەردىمۇ، كەچلىك بازاردا ئادەملەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ ئىكەن، كۆپىنچىسى ساياھەتچىلەر ئىكەن».